


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سىكانېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org


ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# 私の身に起きたこと

〜とあるウイグル人女性の証言〜

清水ともみ



# كەچمىشلىرىم




كېيىن 2015-يىلى
ئاتا ئانامغا نەۋرىلىرىنى
كۆرسىتىش ۋە
باللىرىمنىڭ ياخشى
كۈتۈنۈشى ئۈچۈن
قايتىپ ئۈرۈمچى
ئايرودرومىغا
چۈشكىنىمدە
ئۈرۈمچى دائىرىلىرى
تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندىم.
تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا
45 كۈن بولغان
بالامنىمۇ
ئېلىپ كەتتى.
ئەلۋەتتە مەن بىرەر
قانۇنغا مۇخالىپ ئىشنى
قىلىپ باقمىغان ئىدىم.


تۇگمەس سوراقلار
توك كالتكدەك
نەرسىلەردە قىينالدىم
مەلۇم كۈنى
بالام ساقسىز
بولغانلىقى ئۈچۈن
مېنى قويۇۋەتتى.
ئەينەك ئىچىدە
بالىلىرىمنىڭ دىدارىنى
كۆرەلىدىم يۇ
ئەتىسى
بىر ئوغلۇمنىڭ
مۇزلىغان جەسىتىنى
قولۇمغا تاپشۇردى.
ۋاپات بولغىنى
ئۈچ بالىنىڭ
ئىچىدە ئەڭ چوڭى
ھەم ئەڭ ساغلام
تۇغۇلغان ئوغلۇم ئىدى.


نېمىشقىدۇر
ئۆچىلا بالامنىڭ
بوينىنىڭ ئوڭ
تەرىپىدە ئوپېراتسىيە
قىلىنغان ئىزى بار ئىدى.
سۇرۇشتۇرگىنىمدە بالامنىڭ
بەدىنىگە ئوزۇق يەتكۈزۈشكە
كىرگۈزۈلگەن نەيچە
دەپلا ئېنىق بىر
جاۋاب بەرمىدى.
ئۆيۈمگە قايتىپ
خىزمەت قىلىۋاتقىنىمدا
دائىرىلەردىن تېلېفون
كېلىپ:
دەرھال كەلمىسەڭ
قولغا ئالىمىز دېدى.
ئىلاجسىز باردىم.
يەنە مېنى
سولاپ قويدى.


چەتكە چىقىش
سەۋەبىڭنى تاپشۇر!
چەتئەلدە كىملەر
بىلەن كۆرۈشتۈڭ
سۆزلە!
ئۈچ كېچە كۈندۈز
ئۇيقۇسىز سوراق قىلىندىم.
نەچچە ئون ساقچى
زوراۋانلىق بىلەن
مېنى قىيىندى.
قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمەي
يا ئاللاھ
دەۋەتتىم.
شۇنىڭ
بىلەن
سېنىڭ شۇ
ئاللاھىڭ بىزدىن
يامان بولسا
قېنى كېلىپ
سېنى
قۇتقۇزۇپ
باقسۇن!


بولدى
مېنىڭ
جېنىمنى
ئېلىڭلار...
ئۈنچىلىك
ئاسان
ئۆلمەن دەپ
خام خىيال
قىلما!
مەن ئۆلۈپلا قۇتۇلۇشنىڭ
ئامالىنى قىلغانمۇ بولدۇم.
ئەمما نازارەت ئاستىدا
ئىمكان بولمىدى.


ئۆينىڭ چىرىغى
24 سائەت ئوچۇق.
تۆت بۇلۇڭغا
تېلېكامېرا ئورنىتىلغان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر
ئۆيگە 50 ئارتۇق
كىشى قامىلىپ
ئۇخلىغۇدەك
يەرمۇ يوق بولغاچقا،
يېنىچە ئىككى
سائەتتىن ئالمىشىپ
ئۇخلىدۇق.
كۈندۈزى دۆلەت
رەئىسىنىڭ ئۆمرى
ئۇزۇن
بولۇشىنى
تىلىدۇق.
كوممۇنىستىك پارتىيەنى
مەدھىيەلەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتتۇق.


كۇندە ئادەمگە قاراپ تۇرلۇك نامەلۇم تەركىبلىك دورىلارنى ئىچۈرۈپ
ئوكۇللار ئۇرۇلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن بەدەنلىرىمىز ئىشىپ بىر ھەپتىدەك ھالسىزلىنىپ كەتتۇق.
خاتىرىمىز قالايمىقانلىشىپ بەزى ئىشلارنى ئەسلىيەلمەس بولۇپ قالدۇق.
كامېردىن دائىم بىر نەچچە كىشى ئېلىپ كېتىلىپ قايتىپ كېلەلمەيتتى.
كېيىن يەنە يېڭى كىشلەر ئورنىغا كېلەتتى.
ياندىكى كامېردىن
داد-پەرياد
تاياق يېگەن ئاۋازلار
پۈتىدىن سۆرەپ ماڭغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.


ئىككى ئايغىچە
قان كېلىپ
ئۆلۈپ كەتكەن بىر
ئايالمۇ بار ئىدى.
مەن ھوشۇمغا كەلسەم
ئۆزۈمنى روھىي كېسەللەر
دوختۇرخانىسىدا كۆردۈم.
كېيىن ئۆيگە قايتتىم.
لېكىن ئىككى كۆز قۇلاق مەندىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى.
ئۆيۈمدە قونۇپ،
بىز بىلەن تەڭ غىزالىنىپ
سىرتقا چىقساقمۇ
يېنىمىزدا ئىدى.


شۇ ۋەجىدىن كەچمىشىمنى
ئاتا-ئانامغىمۇ بايان قىلالمىدىم.
ئۇزۇن ئۆتمەي 3- قېتىم تۇتقۇن قىلىندىم.
بۇ قېتىم سېرىق مەھبۇسلار كىيىمىنى كىيدىم.
ساڭا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ
بىلىپ قوي.


ساقچى سۆزىدە:
بەرىبىر ئۆلسەن شۇڭا
يولدىشىڭ ۋە بالاڭغا خەت قالدۇر.
خەتنى يەتكۈزىمىز ئادرېسىنى تاپشۇر
دېدى.
لېكىن بالىلىرىم مىسىر پۇقراسى بولغانلىقى ئۈچۈن
نېمىشقا بالىلار ئانىسى بىلەن بىللە ئەمەس دەپ مىسىر ھۆكۈمىتىدىن ئالاقە كەلدى.
بالىلىرىمنى مىسىرغىچە ئاپىرىپ قويۇشۇمغا رۇخسەت بېرىلدى.


ئەمما دائىرىلەر 26 تۇغقىنىمنى تۇتقۇن قىلىپ ماڭا مۇنداق دېدى
ئىككى ئايغىچە ئالدىمىزدا پەيدا بول.
ئاندىن تۇغقانلىرىڭنى قويۇۋېتىمىز.
بۇ 3 يىلدا
نېمىشقا ماڭا بۇنچىلىك زۇلۇم قىلىسىلەر
سەۋەبى نېمە؟


سەۋەبى سىنىڭ
ئۇيغۇر بولغانلىقىڭدا
مىسىرغا كەلسەم
يولدىشىمنىڭ دېرىكى يوق.
ئۇ مېنى ئىزدەپ ۋەتەنگە قايتقىنىدا
ئايرودرومدا تۇتقۇن قىلىنىپ 16 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى
دەپ ئۇچۇرنى ئالدىم.


دائىرىلەر مىسىرغا
نەچچە تېلېفون قىلىپ:
سېنى تۇتمايمىز
ئۆزۈڭگە ماس خىزمەت
بېرىمىز قايتىپ كەلگىن
دېدى.
تۇتقانلىرىم بىلەن
ئالاقەم ئۈزۈلدى.
مىسىردىمۇ ئاۋارە قىلىنىپ
شۇ ۋاقىتتا مىسىردىكى ئۇيغۇرلارنى
خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش ۋەقەلىرى
بولغان ئىدى.
مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن
ياردەم تەلەپ قىلدىم.


ئامېرىكا:
بىز سىلەرنى قوغدايمىز
ماگا بەك
ياخشىلىق قىلدى.
شۇنداق قىلىپ
ھازىر ئامېرىكىدا
ياشاۋاتىمەن.
بىراق
ئامېرىكىدا تۇرساممۇ يېرىم
كېچىدە ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ
خىتايلار ماشىنىدا ئېزىمغا چۈشۈپ
تاللار بازىرىدىمۇ كەينىمگە چۈشۈپ


ئامېرىكىدىمۇ 3 قېتىمدەك
ئۆي كۆچۈشكە مەجبۇر بولدۇم.
دوختۇرخانىدا كۆرۈنۈپ:
سەن 90%
پەرزەنتلىك
بولالمايسەن
دېدى.
قاماقتا ئىچۈرگەن
دورا ۋە ئوكۇللار
تۇغماس قىلىۋېتىدىغان
دورىلار بولۇشى مۇمكىن.




نىملا قىلسامۇ
ئەمدى ئۆلۈپ كەتكەن
ئوغلۇم قايتىپ كەلمەيدۇ.
شۇنداقتىمۇ مەن ھەقنى سۆزلەيمەن.
مېنىڭ ئىسمىم
مېھرىگۈل تۇرسۇن
Mihrigul Tursun.

ئىلتىماسىم

بىز ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىڭ.

ھەممە بۇ سۆزلىرىمنى

ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە يەتكۈزۈڭ.



Resources

https://time.com/5467628/china-uighur-congress-torture/

https://en.wikipedia.org/wiki/Mihrigul_Tursun

https://www.hongkongfp.com/2018/12/08/video-full-ex-xinjiang-detainee-mihrigul-tursuns-full-testimony-us-congressional-hearing/

https://www.jiji.com/jc/article?k=2019071400172&g

https://youtu.be/dsd1NkCKaNg

Author 清水ともみ (Shimizu Tomomi)